تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

②1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەردە سابىت داموللا تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

## تېكىست

I

### ئۇيغۇر ئەدىپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

كۈچلۈك رېئالىزملىق روھ ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1985- يىلى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي رومان «ئىز» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كىتابخانلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان چولپان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى-ئاخىرى "قەشقەر كېچىسى"، "ئىز"، "ئۆمۈر مەنزىللىرى"، "ئويغانغان زېمىن" قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە "شېئىر ۋە شائىر"،"تۇرپان تەسىراتلىرى"، "قەشقەر كېچىسى" ، "ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك" قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. مۇشۇنداق مول نەتىجىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىستېداتلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923- يىلى قۇمۇلدا ئوتتۇرا ھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتا- ئانىسىدىن كىچىكىدىلا ئايرىلىپ، يېتىم قالغان. دادىسى تىلەش بېگىم ئاتۇش تىجەنلىك كىشى بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتەر چېغىدا، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىمنى قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان دوستى ئوسمان ھاجىغا ئوغۇللۇققا بېرىۋەتكەن. ئوسمان ھاجىم كۆپنى كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئىنتايىن ئاززۇلاپ ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن. ئۇنى ئۆزى ئوقۇتۇپ خەت-ساۋات چىقارغاندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپكە بەرگەن. 1934-يىلى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر باشلانغۇچ مەكتەپتە پەننىي بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان ۋە 1936-يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئۈرۈمچى بىرىنچى گىمنازىيىدە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن

## يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

ئالىم ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتىدۇ.

گۈلجامال ئۆرە تۇرۇپ تېكىستنى ئوقۇۋاتىدۇ.

ئابدۇسالام رەسىمگە قاراپ سۆزلەۋاتىدۇ.

| | |
|---|---|
| ئالدىرىماي | |
| تارتىنماي | سۆزلەڭ. |
| كۈلمەي | |

II

| | | |
|---|---|---|
| | ھېيتكار جامەسىگە بېرىپ رەسىمگە چۈشىدۇ | |
| ئۇلار ئەتە | مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئويۇن كۆرىدۇ | . |
| | تۇرپاندىكى ساياھەت ئورۇنلىرىغا بارىدۇ | |

III

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مەكتەپ | | قۇرۇلدى | |
| ئا: بۇ | جامە | قاچان | سېلىندى | ؟ |
| | دەرسلىك | | تۈزۈلدى | |
| | رومان | | يېزىلدى | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مەكتەپ | | قۇرۇلدى | |
| ئە: بۇ | جامە | 2001-يىلى | سېلىندى | . |
| | دەرسلىك | | تۈزۈلدى | |
| | رومان | | يېزىلدى | |

① 1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەردە سابىت داموللا « شەرقىي

①ئۇ مەقسىتىنى كۆڭلىدىكىدەك چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەمكىن سۆزلىدى.

②ئىسمائىل ئالدىكى ساھىپجامال قىزغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرماقتا.

③بۇ جاھالەت، بۇ خۇراپاتلىق بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلماقتا.

④مۇدىر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خىلىلا تاتىرىپ قالغانلىقىغا، كەيپىياتىنىڭ باشقىچە چۈشكۈن كۆرۈنۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

⑤خالمۇرات مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ جاۋاب بەرمەكتە.

⑥ئەلىي ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۈركىيىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇماقچى.

⑦سەنمۇ يازلىق تەتىلدە « ئويغانغان زېمىن » رومانىنى ئوقۇماقچىمۇ؟

⑧ئېرىنىڭ كاجلىقىغا غەزەپلەنگەن سارىخان ئېتىزلارنىڭ ئالا قالغان يەرلىرىنى بىر ئامال قىلىپ تېرىپ قويماقچى بولدى.

⑨ئېمانچە كاجلىق قىلىسەن، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

⑩ يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئامانلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرى كۈندىن – كۈنگە كۈچەيتىلمەكتە.



3- تۆۋەندىكى تۈركچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ne oldu? Ağlıyor musun?
2) Ailenle görüşüyor musun?
3) Şimdi ülkemizde sıkı yönetim ugulanıyor.
4) Kasim soğuktan titriyor.
5) Biz Uygur Türkçesini çok iyi öğreneceğiz.
6) Biraz sonra anneme yardım edeceğim.
7) Ayşe elindeki çiçekleri kokluyor.
8) Ailem Kaşgar’da yaşamakta.
9) Kamil hergün spor yapmakta.
10) Biz hepimiz sınava hazırlanmaktayız.